# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9دا، لى جەنشۇ: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ئېچىلدى، دەپ جاكارلىدى. يىغىن مەيداندىكى ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلەت شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى.

يىغىن قارالمىسغا ئاساسەن، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن يىغىنغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. دوكلات جەمئىي ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن: بىرىنچى، 2020 ـ يىللىق خىزمەتلەرگە نەزەر؛ ئىككىنچى، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەر؛ ئۈچىنچى، 2021 ـ يىلىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر.

لى كېچياڭ دوكلاتتا مۇنداق كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىل، يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، يەر شارىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئىچىدە ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى بىرىدىنبىر ئىشقا ئاشۇردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى.

لى كېچياڭ دوكلاتتا بىر يىلدىن بۇيانقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالىنى يەتتە جەھەتتىن خۇلاسىلىدى: بازار سۇبيېكتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ ماكرولۇق سىياسەت تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇردۇق؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردۇق؛ ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئۆز قەرەلىدە تاماملىدۇق؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى ۋە ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردۇق؛ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتتۇق؛ يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇردۇق؛ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ۋە جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ساقلىدۇق.

ئۆتكەن بەش يىلدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، لى كېچياڭ دوكلاتتا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلى ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان بىرىنچى بەش يىل. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»گە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن «خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى (لايىھە)»نى تۈزۈپ چىقتى. پروگراما لايىھەسىدە شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق نىشانى ۋە مۇھىم، زور ۋەزىپىلىرى ھەقىقىلەشتۈرۈلدى ۋە مىقدارلاشتۇرۇلدى، تولۇق تېكىستى يىغىننىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇلدى.

لى كېچياڭ دوكلاتتا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پروگراما لايىھەسىدە تەرەققىيات سۈپىتى، ئۈنۈمى كۈچەپ ئۆستۈرۈلۈپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىياتى ساقلىنىدۇ. ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئايلىنىشى ساقلىنىپ، ھەر يىللىق ئەھۋالغا قاراپ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش كۆزلىمە نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ـ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ ئېشىشى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىشىدىن يۇقىرى بولىدۇ، شەھەر ـ بازارلاردا تەكشۈرۈلگەن ئىشسىزلىق نىسبىتى 5.5% ئىچىدە تىزگىنلىنىدۇ، مال باھاسى سەۋىيەسىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولۇشى ساقلىنىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېزلىتىلىدۇ. قۇدرەتلىك دۆلەت ئىچكى بازىرى شەكىللەندۈرۈلۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىنىدۇ. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىپ، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. رايون ئىقتىسادىنىڭ جايلىشىشى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچى سىجىل ئاشۇرۇلىدۇ. يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى سىجىل ئاشۇرۇلۇپ، ئورتاق بېيىشقا پۈختا تۈرتكە بولۇنىدۇ. تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىك بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ جۇڭگو قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

لى كېچياڭ دوكلاتتا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: 2021 ـ يىللىق تەرەققىياتتىكى ئاساسلىق كۆزلىمە نىشان: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 6%تىن كۆپرەك ئاشۇرۇش؛ شەھەر ـ بازارلاردا 11 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى تەكشۈرۈلگەن ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 5.5% ئەتراپىدا تىزگىنلەش؛ ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتىنى 3% ئەتراپىدا تىزگىنلەش؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورتتا مىقدارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سۈپەتنى ئاشۇرۇپ، خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش؛ ئاھالە كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇش؛ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، بىرلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى 3% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىپ، ئاساسلىق بۇلغىما قويۇپ بېرىش مىقدارىنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىش؛ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنى 1 تىرىليون 300 مىليارد جىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەدە ساقلاش.

لى كېچياڭ دوكلاتتا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: 2021 ـ يىلى سەككىز جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش كېرەك: ماكرولۇق سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى، مۇقىملىقى، ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇش؛ يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە زورايتىش؛ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچكى بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىش؛ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشى ۋە دېھقانلار كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشنى ھەم ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇھىت سۈپىتىنى سىجىل ياخشىلاش؛ خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش.

دوكلاتتا، لى كېچياڭ يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مىللەت، دىن ۋە چياۋمىنلار ئىشلىرى خىزمىتى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى، ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى قاتارلىقلارنى شەرھلەپ بايان قىلدى.

يىغىن قارالمىسغا ئاساسەن، يىغىندا خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى لايىھەسى، گوۋۇيۈەننىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ھەم 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسى، گوۋۇيۈەننىڭ 2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ھەم 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى تەكشۈرۈلىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ چېن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى توغرىسىدا ئىزاھات، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى توغرىسىدا ئىزاھات، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئائىت قارار لايىھەسى توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە خىزمەت تۈزۈمى توغرىسىدىكى تۈپ قانۇن. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم سۆزلەرنى قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى ۋە شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە خىزمەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر. لايىھە جەمئىي 37 ماددا بولۇپ، ئاساسلىق تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان مەزمۇنلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «ئومۇمىي پرىنسىپ»تىن ئىبارەت بىر بابنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ رىۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ ئالاقىدار مەزمۇنلارنى كۆپەيتىش؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ھوقۇقىنى تاكامۇللاشتۇرۇش؛ ۋەكىللەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇش.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن تۈزۈمى ۋە خىزمەت تەرتىپى توغرىسىدىكى تۈپ قانۇن. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر، پۈتۈن جەريان دېموكراتىك بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈزۈم كاپالىتى، ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ رېئال ئېھتىياجى. لايىھە جەمئىي 35 ماددا بولۇپ، ئاساسلىق تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان مەزمۇنلار مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ يىغىن ئىنتىزامىنى چىڭىتىش؛ يىغىن تەرتىپىنى مۇۋاپىق ئىخچاملاپ، كېڭىشىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ يىغىننى ئاشكارىلاش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ قانۇن لايىھەسى قاتارلىق تەكلىپ لايىھەلىرىگە قاراپ چىقىش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە تەڭشەش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش؛ يىغىندا ماقۇللانغان ئىشلارنى ئېلان قىلىش تەرتىپىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئائىت قارار لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى يولغا قويغان سايلام تۈزۈمى باش مەمۇرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسى ۋە قانۇن چىقىرىش كېڭەشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شياڭگاڭ جەمئىيىتىدە كۆرۈلگەن بەزى قالايمىقانچىلىقلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، شياڭگاڭنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سايلام تۈزۈمى مېخانىزمىدا روشەن يوچۇق ۋە كەمتۈكلۈك مەۋجۇت، جەزمەن زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ شياڭگاڭنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈم مېخانىزمى جەھەتتە ساقلانغان يوشۇرۇن خەۋپ ۋە خەتەرنى تۈگىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شياڭگاڭنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئومۇمىي پىكىر يولى مۇنداق: شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام كومىتېتىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش ۋە ھوقۇق بېرىشنى كۆپەيتىشنى يادرو قىلىپ ئومۇمىي تۈزۈم لايىھەسى تۈزۈپ، سايلام كومىتېتىنىڭ كۆلىمى، تەشكىللىنىشى ۋە ۋۇجۇدقا كېلىش چارىسىنى تەڭشەپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ، باش مەمۇرنى داۋاملىق سايلام كومىتېتى سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ھەم سايلام كومىتېتىغا سايلام ئارقىلىق بىرقەدەر زور نىسبەتتىكى قانۇن چىقىرىش كېڭەشى ئەزالىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ۋە بارلىق قانۇن چىقىرىش كېڭەشى ئەزالىرى نامزاتىنى كۆرسىتىشكە بىۋاستە قاتنىشىدىغان يېڭى فۇنكسىيە يۈكلەپ، سايلام كومىتېتى ئارقىلىق شياڭگاڭ جەمئىيىتىنىڭ سىياسىيغا باراۋەر، تەرتىپلىك قاتنىشىشى ۋە تېخىمۇ كەڭ بولغان ۋەكىللىك خاراكتېرىنى كېڭەيتىپ، ئالاقىدار سايلام ئامىللىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن تەرتىپ بويىچە سالاھىيەتنى تەكشۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شياڭگاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، شياڭگاڭچە بىر يۈرۈش يېڭى دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ھەم ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، «قارار قىلىش + قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش» شەكلىنى قوللىنىپ، قەدەممۇقەدەم ئالغا سىلجىتىش ۋە تاماملاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى قەدەمدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇن ۋە شياڭگاڭ نېگىزلىك قانۇنى، شياڭگاڭدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي پرىنسىپ ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغان يادرولۇق مۇھىم ئامىل مەزمۇننى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ ھەم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مۇشۇ قارارغا ئاساسەن شياڭگاڭ نېگىزلىك قانۇنىنىڭ 1 ـ قوشۇمچە ھۆججىتى ۋە 2 ـ قوشۇمچە ھۆججىتىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى بېرىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن، شياڭگاڭ نېگىزلىك قانۇنى، شياڭگاڭدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇنى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قارارىغا ئاساسەن، شياڭگاڭ نېگىزلىك قانۇنىنىڭ 1 ـ قوشۇمچە ھۆججىتى «شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسى» ۋە 2 ـ قوشۇمچە ھۆججىتى «شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قانۇن چىقىرىش كېڭەشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسى ۋە ئاۋازغا قويۇش تەرتىپى»گە تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى 1 ـ قوشۇمچە ھۆججەت ۋە 2 ـ قوشۇمچە ھۆججەتتە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلىدىغان يېڭى دېموكراتىك سايلام تۈزۈمى توغرىسىدا كونكرېت، ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىدۇ.

رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانلاردىن يەنە دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، شۈ چىلياڭ، سۈن چۇنلەن، لى شى، لى چياڭ، لى خۇڭجۇڭ، ياڭ جيېچى، ياڭ شياۋدۇ، جاڭ يوۋشيا، چېن شى، چېن چۈەنگو، چېن مىنئېر، خۇ چۇنخۇا، گو شېڭكۈن، خۇاڭ كۇنمىڭ، سەي چى، يوۋ چۈەن، ۋېي فېڭخې، ۋاڭ يۇڭ، ۋاڭ يى، شياۋ جيې، جاۋ كېجى، جوۋ چياڭ، جاڭ جۈن، جاڭ چىڭلى، ليۇ چىباۋ، پابالا گېلىلاڭجيې، دۇڭ جيەنخۇا، ۋەن گاڭ، خې خوۋخۇا، لۇ جەنگۇڭ، ما بياۋ، چېن شياۋگۇاڭ، لياڭ جېنيىڭ، شيا باۋلۇڭ، ياڭ چۈەنتاڭ، لى بىن، باتېر، ۋاڭ يۇڭچىڭ، خې لىفېڭ، سۇ خۈي، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، ليۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ، گاۋ يۈنلۇڭ ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن قاتارلىقلار بار.

شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۆئې، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى خې يىچېڭ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى ھەم رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، ئازادلىق ئارمىيەدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى ياكى يىغىننى سىرتتىن قاتنىشىپ ئاڭلىدى.

چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى يىغىننى سىرتتىن قاتنىشىپ ئاڭلىدى.